# «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»نىڭ تۈزۈم ئۇل تېشىنى پۇختىلايلى

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» ئاۋازغا قويۇلۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم خاراكتېرىدىكى يېڭى تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى قىلىندى. بۇ شياڭگاڭدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنى تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركەزنىڭ شياڭگاڭنىڭ قانۇن ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان يەنە بىر مۇھىم، زور تەدبىرى بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، شياڭگاڭدىكى «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىدا ئىنتايىن مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن بۇيان، دۆلەت «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، شياڭگاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇنىدا ئېنىق بېكىتىلگەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپىنى قوغداپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ دېموكراتىك تەرتىپتە تەرەققىي قىلىشىنى قوللاپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئاھالىلىرىنىڭ قانۇن بويىچە دېموكراتىك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنى جەزمەن كۆرۈش كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ شياڭگاڭدا مالىمانچىلىق پەيدا قىلغان ئۇنسۇرلار ۋە «شياڭگاڭ مۇستەقىللىقى» كۈچلىرى سايلامدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى ئىدارە قىلىش رامكىسىغا كىرىپ، تەپتارتماستىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ شياڭگاڭدا مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنىڭ يۈرۈشۈشىنى بار كۈچى بىلەن پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىگە قەستەن توسقۇنلۇق قىلدى، ھەتتا تاشقى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سايلامنى كونترول قىلىش ئارقىلىق باشقۇرۇش ـ ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. بۇ قىلمىش ۋە پائالىيەتلەر شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپى ۋە قانۇنچىللىق تەرتىپىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، ئاساسىي قانۇنغا، شياڭگاڭنىڭ نېگىزلىك قانۇنى ۋە شياڭگاڭدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنىنىڭ نوپۇزىغا ئېغىر خىرىس پەيدا قىلدى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، شياڭگاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شياڭگاڭدىكى كەڭ ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، بۇنىڭغا جەزمەن قەتئىي قارشى تۇرۇش ھەم كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىش كېرەك.

كىچىك ئەقىل ئىشنى ئىدارە قىلىدۇ، چوڭ ئەقىل تۈزۈمنى ئىدارە قىلىدۇ. شياڭگاڭدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سايلام تۈزۈمى مېخانىزمىدا روشەن يوچۇق ۋە كەمتۈكلۈك ساقلىنىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش» پرىنسىپى تېخى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشمىدى، «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش» مۇقىم ۋەزىيىتى تېخى ھەقىقىي شەكىللەنمىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «قارارى» يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «شياڭگاڭنى ۋەتەننى سۆيىدىغانلار، شياڭگاڭنى سۆيىدىغانلار ئىدارە قىلىش، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ شياڭگاڭدا مالىمانچىلىق پەيدا قىلغانلارنى قوغلاپ چىقىرىش»نى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈپ، تۈزۈم مېخانىزمى جەھەتتە ساقلانغان يوشۇرۇن خەۋپ ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى تۈگىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شياڭگاڭدا «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر.

«شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش» بولسا «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنىڭ زۆرۈر مەزمۇنى. 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدىلا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىشنىڭ چەك ـ چېگراسى ۋە ئۆلچىمى بار، ئۇ بولسىمۇ شياڭگاڭنى جەزمەن ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان شياڭگاڭلىقلار شياڭگاڭنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا، جەزمەن «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»تا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. دۇنياغا نەزەر سالساق، مەيلى قايسى دۆلەتتە بولسۇن، ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولۇشنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت خادىملىرى ھەمدە ھۆكۈمەت خىزمىتى سايلىمىغا قاتنىشىدىغانلار جەزمەن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي سىياسىي ئېتىكا. شياڭگاڭ جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى، «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»تا چىڭ تۇرۇش قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت. بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، شياڭگاڭنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ پرىنسىپ. پەقەت «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، مەركەزنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئاندىن ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇندا بېكىتىلگەن ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپىنى ئۈنۈملۈك قوغدىغىلى، تۈرلۈك چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ، شياڭگاڭ ئاندىن ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىش، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا، ھوقۇق مەركەزدە. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 31 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «دۆلەت زۆرۈر تېپىلغاندا ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىدۇ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا يولغا قويۇلىدىغان تۈزۈملەرنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ قانۇن بويىچە بەلگىلەيدۇ.» سايلام تۈزۈمى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مەركەزنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالاقىدار سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان قانۇنىيلىقى، مۇۋاپىقلىقى، زۆرۈرلۈككە ئىگە. شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، ھەر قېتىملىق مۇھىم، زور سايلام تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشلەرنىڭ ھەممىسى مەركەزنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەلگە ئاشتى. بۇ قېتىم شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش» «دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش» «شياڭگاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش» «شياڭگاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىش» «شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش» مۇھىم پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان بولۇپ، مۇقەررەركى شياڭگاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، شياڭگاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ، شياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلەندۈرىدۇ.

«شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»نى يولغا قويۇشتا، «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»تا جەزمەن چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»تا چىڭ تۇرغاندىلا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى ئاندىن ئومۇميۈزلۈك دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرغىلى، ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ تارىخنىڭ چوڭقۇر ئىلھامى، شۇنداقلا رېئاللىقنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، شياڭگاڭنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمى چوقۇم «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈمى رامكىسى ئىچىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن يولىدا تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى چوقۇم ئۈنۈملۈك تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە بولىدۇ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئۇلۇغ ئىشلىرى جەزمەن يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1949 ـ يىلى، شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەر مىللەت خەلققە رەھىمسىزلەرچە زۇلۇم سېلىشىغا خاتىمە بېرىلدى، بۇ، شىنجاڭ تارىخىدىكى بىر مۇھىم، زور بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. شۇنىڭدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەملىشىپ دوستانە ئۆتىدىغان، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىدىغان شانلىق سەھىپىنى پۈتۈشكە باشلىدى.

1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. بۇ، پارتىيەنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە سىياستىنىڭ ئۇلۇغ غەلبىسى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى يېڭى بىر باسقۇچقا قاراپ ئالغا سىلجىتتى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، شىنجاڭنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۈرلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت قىياپىتىدە گۈللەپ ياشنىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نەچچە ئەۋلاد رەھبەرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئارىسىغا كېلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سوراپ، ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەپ، تەرەققىيات ئۈستىدە توختىلىپ، سەممىي غەمخورلۇق قىلىپ، قەلبلەرنى ئىللىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈردى.

بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى، بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەتتىن شىنجاڭ خىزمىتىگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى، پىلانلىدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى بېكىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئېنىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

100 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشتىن ـ ئاخىر ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغداش، ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇشنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جان ـ دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ قىزىل يىپ بىلەن باشتىن ـ ئاخىر تۇتاشتۇرۇپ، بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقىرىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

## مىسلىسىز جۇرئەت بىلەن يېڭى بىر دۇنيا ياراتتى

ھاكىمىيەت دېمەك خەلق دېمەكتۇر، خەلق دېمەك ھاكىمىيەت دېمەكتۇر.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن، ئەۋلادمۇئەۋلاد كوممۇنىستلار شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئىشلىرىدا داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلدى، مەڭگۈ ئۆزگەرمەي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا لىن جىلۇ، خەن گۇاڭ، شۇ لياڭ قاتارلىق شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۆز خىزمەت ئورنىدا تىرىشچان، پاك بولدى، ھەممە جايدا ھەر مىللەت خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى چىقىش قىلدى، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۆزۋال قىلىنغان دېھلولارنى بىكار قىلىپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆۋرۈك سېلىپ، يول رېمونت قىلىپ، قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارنى قۇتقۇزۇپ، ناماراتلارغا غەمخورلۇق قىلدى، ھەر مىللەت خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، ئۇلار ھازىرغىچە ھەر مىللەت ئامما ئارىسىدا مەدھىيەلەنمەكتە.

1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ماۋ زېمىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، مۇۋەققەت نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئەينى چاغدا شىنجاڭ مالىيەسى يىلمۇيىل مالىمانچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدى. ماۋ زېمىن مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى قالتىس ئىقتىدارى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ناھايىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن شىنجاڭ مالىيەسىنى بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توغرا يولغا سالدى.

1939 ـ يىلى، لىن جىلۇ كۇچا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولغاندا، پۇقرالارنى ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان «باجنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى»نى قەتئىي بىكار قىلىپ، ھەرخىل نامدىكى 20 نەچچە خىل باجنى يەتتە خىلغا ئازايتىپ، پۇقرالار تەرىپىدىن «پاك ئەمەلدار لىن» دەپ ئاتالدى. ئۇ ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ياسىغان كەلكۈن توسۇش توسمىسى، «ئىتتىپاق يېڭى كۆۋرۈكى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ھازىرمۇ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئىگىلىك تىكلەش جاپالىق بولسىمۇ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، نامرات، قالاق، ھەممە ئىشلار خارابلاشقان، ئارقىدا قالغان ۋەزىيەت ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى «مىسلىسىز جۇرئەت بىلەن يېڭى بىر دۇنيا يارىتىش»تەك مەردانە ئىرادە بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يېتەكلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، قەدىمىي چۆل ـ باياۋاندا ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك تەرەققىيات قۇرۇلۇشى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقتى.

1950 ـ يىلى باھاردا، بىپايان شىنجاڭ تۇپرىقىدا قاينام ـ تاشقىنلىق چوڭ ئىشلەپچىقىرىش قانات يايدۇرۇلدى. «جاپادىن قورقماي، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، چۆللۈكتە باغ بەرپا قىلىمىز» دېگەن ياڭراق ناخشا ساداسى ئىچىدە، شىنجاڭدىكى تۇنجى پولات ـ تۆمۈر بىرلەشمە كارخانىسى — «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، تۇنجى ئاپتوماتلاشقان ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى — ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تۇنجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى — «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم زامانىۋى زاۋۇتلار قەد كۆتۈردى.

سانلار ئاۋازسىز بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. 1952 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 635 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 52% ئاشتى، پاختا ۋە ياغلىق دان ھوسۇلىدا بىردەك تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

چەكسىز مەنزىرىلەر يېڭىلاندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىش، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز سۈرئەتلىك يولغا كىردى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چوقۇم تارىخ بېتىگە پۈتۈلىدىغان ئۇلۇغ بىر كۈن. بۇ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلاش ـ تەقدىرلەش يىغىنىدا مۇنداق دەپ تەنتەنىلىك جاكارلىدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى كۈتۈۋېلىنىۋاتقان مۇھىم پەيتتە، دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىشتەك مۈشكۈل ۋەزىپە تاماملاندى، تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان يەنە بىر جاھان مۆجىزىسى يارىتىلدى! بۇ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان نامراتلىق جاھىل كېسەللىدىن ئۈزۈل ـ كېسەل قۇتۇلۇپ، پات ئارىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ، كىشىنى نېمىدېگەن خۇشال قىلىدىغان پەيت! قۇياش بىلەن ئايمۇ گۇۋاھ بولدى، تاغ ـ دەريالارمۇ گۇۋاھ بولدى، كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، ۋەتەن قوينىدا گۈللەپ ياشاۋاتقان گۈزەل شىنجاڭ تېخىمۇ بولمايتتى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ بەختلىك، گۈزەل بۈگۈنى بولمايتتى.

## سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماي، قەلبىدىن پارتىيەگە تەلپۈندى

كىشى قەلبى ئەڭ چوڭ سىياسىي، خەلق ئەڭ چوڭ ئىشەنچ.

پارتىيەنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بۈگۈنكى شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئىناق ئۆتۈپ، خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ. سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبى پارتىيەگە تەلپۈنۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكتە.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، يېرى يوق، يېرى ئاز ھەر مىللەت دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلدى. ھەر مىللەت دېھقانلار شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈپ، يېڭى جەمئىيەتنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى تېخىمۇ ھىمايە قىلدى.

1952 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، يەر ئىسلاھاتى ئالدىن نۇقتىدا سىناق قىلىنغان كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ پاختەكلى يېزىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار يەر ئىسلاھاتى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، داستان شەكلىدە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا «ماۋجۇشىغا تەقدىم» دېگەن بىر پارچە ھۆرمەت خېتى يېزىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا بولغان چەكسىز قىزغىن، چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

قەددىنى رۇسلاپ ئازادلىققا ئېرىشكەن كېرىيە ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر دېھقان قۇربان تۇلۇمنىڭ ماۋ جۇشىغا يۈزتۇرا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ۋەتەننىڭ ئەڭ غەربىي چېتىدىن ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بارماقچى بولغانلىقى جۇڭگو زېمىنىدا تىللاردا داستان بولۇپ كەلدى. 1958 ـ يىلى، بېيجىڭ جۇڭنەنخەيدە، ماۋ جۇشىنىڭ قۇربان تۇلۇم بىلەن سەممىي قول ئېلىشقان كۆرۈنۈشى تارىخ بولۇپ ساقلاندى ھەم قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىپ، تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنى پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش قىزىل گېنىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرماقتا.

پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئۈچۈن، ئونسۇ ناھىيەسى تۇمشۇق بازىرى لەڭگەر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خوداۋەردى ئىمىن 20 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ھويلىسىدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىشتا چىڭ تۇردى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى دادىسىنىڭ ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلىپ كۈچ ئۇلاپ دۆلەت بايرىقى چىقىرىپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى مەڭگۈ چېگرا رايونىدا جەۋلان قىلدۇردى، قەلبلەردە جەۋلان قىلدۇردى؛ ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ جىغىن يېزىسى ساز كەنتىدىكى چېگرا قوغدىغۇچى بۇرماقان مولدۇ چېگرانى قوغدىغان 50 نەچچە يىلدا 200 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق تاغ يولىنى بېسىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك تاشقا ئۆز قولى بىلەن «جۇڭگو» دېگەن خەتنى ئويۇپ چىقتى. بۇرماقان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش بىر خىل ئېتىقاد، ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغان ئائىلە ئىستىلى.

100 يىللىق كۈرەش يولى، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش. يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە غەيرەتكە ئايلاندۇرۇپ، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مېلودىيەسىنى ياڭرىتىپ، قول تۇتۇشۇپ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە ئاتلاندى.